## مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بۇيرۇق ئىمزالاپ

# «ئارمىيە رېۋىزىيە خىزمىتى نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا بۇيرۇق ئىمزالاپ، «ئارمىيە رېۋىزىيە خىزمىتى نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى ئېلان قىلدى، 2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

«نىزام»دا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، نوپۇزلۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئومۇميۈزلۈك قاپلىغان ئارمىيە رېۋىزىيە تۈزۈلمىسى كۈچەپ بەرپا قىلىنىدۇ. «نىزام»نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە شى جۇشىنىڭ ئارمىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئارمىيە رېۋىزىيە خىزمىتىنى پۇختا قېلىپلاشتۇرۇش، ئارمىيەدىكى خادىملارنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈش ئەھۋالىنى رېۋىزىيە قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئارمىيەنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«نىزام» جەمئىي ئون باب، 62 ماددا بولۇپ، رېۋىزىيە كومىتېتى تەسىس قىلىش، رېۋىزىيە دائىرىسى ۋە باشقۇرۇش تەۋەلىكى، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىش، رېۋىزىيە خىزمىتىگە ھەمكارلىشىش، ماسلىشىش، رېۋىزىيە كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە خادىملىرىنى نازارەت قىلىش قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «نىزام»دا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئارمىيە رېۋىزىيە خىزمىتىدە چوقۇم جەڭگىۋارلىق ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، جەڭگە تەييارلىق قىلىش، ئۇرۇش قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىش كېرەك؛ پاكىتنى ئاساس قىلىشتا، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ ھوقۇق - مەسئۇلىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ ئالدىنقىنى جازالاپ، كېيىنكىگە ئىبرەت بېرىش، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش، بالدۇر تۇتۇش، كىچىكىدە تۇتۇش، بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەش، ئۇنىۋېرسال تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلەشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان ئۈزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قىلىش كېرەك. «نىزام»دا مۇنۇلار بەلگىلەندى: ئارمىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك رېۋىزىيە كومىتېتلىرى رېۋىزىيە فۇنكسىيەسىنى يۈرگۈزىدىغان مەخسۇس مەسئۇل ئورگان بولۇپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىدۇ. رېۋىزىيە كومىتېتى شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە رېۋىزىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. «نىزام»دا مۇنداق ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: رېۋىزىيە كومىتېتى ئىچكى تىزگىنلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، رېۋىزىيە خادىملىرىنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، ئۆز - ئۆزىنى نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان رېۋىزىيە قوشۇنى قۇرۇشى كېرەك.



# جوۋ لىنجى: ھاياتى بەدىلىگە قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جۇڭچىڭ، 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر جوۋ ۋېنتاۋ) خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي، قارا نىيەتلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە «خەتەردىن قورقماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىش» قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى، ئۇ دەل خەلق ئاۋىياتسىيەسى جۇڭچىڭ باشقۇرۇش ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمىنىڭ سابىق بۆلۈم باشلىقى جوۋ لىنجى.



جوۋ لىنجىنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

1948 - يىلى جوۋ لىنجى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ پېڭشى ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1969 - يىلى 4 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش قىسمىغا قاتناشقان، 1971 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، جۇڭچىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش 1 - ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ جەڭچىسى، 4 - ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ ئەترەت باشلىقى، جياڭبېي شۆبە ئىدارىسى ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان، 1990 - يىلى 9 - ئايدا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ خەلق ئاۋىياتسىيەسى سىچۇەن باشقۇرۇش ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ خەلق ساقچىسى، ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان، 1997 - يىلى 5 - ئايدا خەلق ئاۋىياتسىيەسى جۇڭچىڭ باشقۇرۇش ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان.

1969 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، جوۋ لىنجى 30 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئىشلىرى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان، ئۇ كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى ۋە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان.

1999 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سائەت 21دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، پىچاق كۆتۈرۈۋالغان ئون نەچچە قارا نىيەت جۇڭچىڭ شەھىرىنىڭ جياڭبېي رايونىدىكى خەلق ئاۋىياتسىيەسى ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئىچىدە ئاياللارغا پوخورلۇق قىلغان ھەم توسۇشقا كەلگەن خەلق ساقچىلىرى ۋە ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان، ئۇرغان. بۇ ۋاقىتتا، ئاغرىپ قېلىپ ئۆيدە ئارام ئېلىۋاتقان جوۋ لىنجى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆيىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە قۇرۇق قول پىچاق كۆتۈرۈۋالغان قارا نىيەتلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان. بۇ ئارىدا جوۋ لىنجى بەختكە قارشى بىر قارا نىيەت تەرىپىدىن پىچاق يەپ بېلى يارىلانغان، لېكىن ئۇ يەنىلا قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، قارا نىيەتنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىگەن، ئاخىردا يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا يەرگە يىقىلىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 51 ياشتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلق ساقچىلىرىنىڭ ھەققانىيەت يولىدا مەردلىك قىلىش، قۇربان بېرىشتىن قورقماسلىقتەك قەھرىمانلىق جاسارىتىنى شەرھلىگەن.

جوۋ لىنجى قۇربان بولغاندا، قىزى جوۋ يەن ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن بولۇپ، داشۆنى پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغانىدى. دادىسى قۇربان بولغاندىن كېيىن، جوۋ يەن دادىسىنىڭ كۆچ ئۇلاش كالتەكنى ئېلىپ، قەتئىيلىك بىلەن جۇڭچىڭ ئايروپورتىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىغا قوشۇلدى. ساقچى بولغان 20 يىلدىن بۇيان، جوۋ يەن ئىزچىل ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدە خىزمەت قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئايروپورت ساقچىخانىسى، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى، ئالاھىدە ساقچى تارماق ئەترىتىدە خىزمەت قىلىپ، بىر خىل قەتئىيلىك ۋە قەيسەرلىك بىلەن، ئادەتتىكى خەلق ساقچىسىدىن بىر ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرىغا ئايلاندى. ئادەتتىكى كۈنلەردە، مەيلى تۈرلۈك مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ مەشىق قىلىشتا بولسۇن ياكى بوران - چاپقۇن، ئاپتاپتا نۆۋەتچىلىك قىلىشتا بولسۇن، جوۋ يەن ھەمىشە ھەربىي فورما كىيىپ، ئۆلگە بولۇپ ئالدىدا تۇردى.

«ئايروپورت شەھەرنىڭ دەرۋازىسى، بىخەتەرلىك جەھەتتە قاتتىق ئالدىنى ئېلىش، قاتتىق كونترول قىلىش، قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك، بىز ئايروپورت ساقچىلىرى نۆۋەتچى ئايروپىلانلارغا ئەگىشىپ ماڭمىز، ئالاھىدە ساقچىلار تېخى 24 سائەت نۆۋەتچىلىك قىلىدۇ، خىزمەت ئىنتايىن جاپالىق، لېكىن بۇنىڭ بەدىلىگە تەۋەلىك رايوننىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى، ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىشىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى قولغا كەلتۈردۇق، بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۈتۈق قازىنىش تۇيغۇسى ھېس قىلىمىز» دېدى جوۋ يەن.

ئىنقىلابىي قۇربانلار روھىنىڭ تۈرتكىسىدە، جۇڭچىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئايروپورت شۆبە ئىدارىسى «ساقچىلار قوشۇنىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى تېرەك قىلىش» ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، ھاۋا مۇداپىئەسى بىخەتەرلىكى خىزمىتىنىڭ قانۇنچىللىشىش سەۋىيەسى ۋە قېلىپلىشىش دەرىجىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، جۇڭچىڭ ئايروپورتى ۋە ھاۋا مۇداپىئەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

دىققەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» كۈچەپ ھەل قىلىندى، نۆۋەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى كادىرلار، ئامما كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى نامراتلىق قورغىنىغا قاراپ كۈچەپ ئاتلانماقتا.

### قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش تاغلىق يېزىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشنى يېزىش

كوئېنلۈن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدە، قىش پەسلىنىڭ چۈشتىن كېيىنكى قۇياش نۇرى يېتەرلىك بولۇپ، ئاسمان كۆپكۆك ئىدى، شەرىخان ھېيىت ئالدىراش كىرىپ - چىقىپ ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆيىنىڭ ھويلىسىنى تازىلاۋاتاتتى. 80 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، ئىككى ھۇجرا، بىر مېھمانخانىسى بار بۇ يۈرۈش يېڭى ئۆي رەتلىك، ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يۈرۈشلۈك شىرە، سافا، تېلېۋىزور ئىشكاپى ۋە توڭلاتقۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىدى.

«كونا ئۆيۈم دەريا يولى تەرەپتە ئىدى، ھەر يىلى كەلكۈن مەزگىلىدە كەلكۈن كېلىپ، ئۆي، ھويلا، قوتاننى دائىم سۇ بېسىپ كېتەتتى.» شەرىخان ھېيىت مۇنداق دېدى: «ۋاقىت ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت ئامالرىمىز ئاساسىي كېسەك تامالىرىنى ئورۇلۇشكا ئاز قېلىپ، خەتەرلىك ئۆي بولۇپ قالغانىدى».

شەرىخان ھېيىت تۇرۇشلۇق يەكەن ناھىيەسىنىڭ قوشراپ يېزىسى ئاراتاش كەنتى كوئېنلۈن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى سەل كەڭرەك جىلغا بەلبېغىغا جايلاشقان بولۇپ، يەكەن دەرياسى جىلغىنى ئەگرى - بۈگرى كېسىپ ئۆتىدۇ.

كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى لى شۆبياۋ كەنتنىڭ كونا قىياپىتىنى ھازىرغىچە ئۇنتۇمىدى: ناھىيە بازىرىغا 120 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان كەنتتە توپا يول ۋە شېغىل يوللا بار بولۇپ، توك ۋە سۇ توختىتىلىپ قالاتتى. قىسقىغىنا بىر نەچچە يىلدا، بۇ يەرگە سۇ، توك، يول تۇتاشتۇرۇلدى، پۈتۈن كەنتتىكى 130 ئائىلىلىك ئاھالە ھەممىسى يېڭىدىن سېلىنغان ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى. سارغۇچ قىزىل رەڭدە ئاقارتىلغان ئەمىن ئۆي دەريانىڭ بىر تەرەپ قىرغىقىدىكى يانتۇلۇقتا رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، قاتتىقلاشتۇرۇلغان ئاسفالت يوللار ھەممە ئائىلىلەرگىچە تۇتاشتۇرۇلدى.

2019 - يىلى شىنجاڭ دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مالىيەدىن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن 37 مىليارد 567 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى ۋە تۇرالغۇ ئۆي بىخەتەرلىكىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچەپ تولۇقلىدى: يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق 346 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئەڭ ئاخىرقى 9355 ئائىلىلىك نامرات ئاھالىنى بىخەتەر ئۆيدە ئولتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شىنجاڭدىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلەردە تۇرۇش تارىخى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشتى.

ئۈمىد ئىچىدە يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەنلەردىن يەنە، ئابەكرى خەلپەت ئائىلىسىدىكىلەر بار. ئۇنىڭ ئائىلىسى تۇرۇشلۇق قاغىلىق ناھىيەسى چوپان يېزىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار بولۇپ، يىل بويى كەلكۈن، لاتقا شىغىللىق ئېقىن قاتارلىق گېئولوگىيەنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئۆي، يول قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەر ھەر يىلى بۇزۇلۇپ، ھەر يىلى ياسىلاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەر ئۇنۇمسىز بولغان، تىپىك «بىر جاينىڭ سۇ، تۇپرىقى شۇ جاينىڭ كىشىلىرىنى باقالمايدىغان» ئېغىر نامرات رايون ئىدى.

كوئېنلۈن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۇنۇمسىز تاغلىق كەنتتىن ناھىيە بازىرىغا كۆچۈپ كىرگەن ئابەكرى خەلپەت تۇنجى قېتىم بىنا ئۆيدە ئولتۇرۇپ، پاردا ئىسسىندى. 2019 - يىلى، شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»دىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن تاماملاندى، 40 مىڭ 146 ئائىلىلىك، 169 مىڭ 400 كىشى بۇ سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇپ، خۇشال ھالدا يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

### دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش «نامراتنىڭ نامرىتى»غا ھۇجۇم قىلىش

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا، بارغانسېرى كۆپلىگەن نامرات ئائىلە ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرۇش، بىخەتەر، پاكىز سۇ ئىچىش، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تولۇق قاپلىشىدىن بەھرىمەن بولۇش، يەنە ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق يۆلەش سىياسەتلىرى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

29 ياشلىق پاتىگۈل ئەلى بىر پەلەي زاۋۇتىدا ئىشلەمچىلىك قىلاتتى، بۆلتۈر 7 - ئايدا يېزا - بازارلىق شىپاخانىدا سالامەتلىك تەكشۈرتكەندە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان. «ھېلىمۇ ياخشى ۋاقتىدا ھەقسىز داۋالىنالىدىم، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن قايتا تەكشۈرتىمەن، ئەگەر ياخشى بولۇپ كەتسەم يەنە زاۋۇتقا قايتىپ ئىشلىيەلەيمەن» دېدى پاتىگۈل ئەلى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۆپكە كېسەللىرى دوختۇرخانىسى يېڭىسار شۆبە دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى ۋاڭ خۇي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى داۋالاشنىڭ مۇددىتى ئۇزاق، خىراجىتى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېرىمىدىن كۆپرەك ئاغرىق نامرات ئائىلىدىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، دوختۇرخانا ھەقسىز ياتاق - تاماق بىلەن تەمىنلەپ، ھەقسىز داۋالىدى، يەنە ئارىخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاغرىقلارغا ھەقسىز تۇرمۇش بۇيۇمى ۋە تۇرمۇش خىراجىتى تارقىتىپ بەردى.

«2019 - يىللىق سالامەتلىك تەكشۈرۈشتە، ئۆپكە تۇبېركۇليوز ئاغرىقلىرىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارنىمۇ تاللاپ تەكشۈرۈپ، تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى ۋە سانىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەنلىكىنى بايقىدۇق» دېدى يېڭىسار ناھىيەسى ساغان بازارلىق مەركىزىي شىپاخانىنىڭ شىپاخانا باشلىقى ئەسقەر ئۆمەر.

سىجىل قانات يايدۇرۇلغان ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ئاغرىقلارنىڭ چوڭ كېسىلگە قاراپ قۇتقۇزۇش - داۋالاش بولۇش، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكە قارىتا كېلىشىم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە تاللاپ تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان يۇقۇملۇق كېسەل ۋە يەرلىك كېسەل ئاغرىقلىرىنى ۋاقتىدا داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئېغىر نامرات جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستا ئاھالىلىرىنى تۇبېركۇليوز، بوغما يالىڭى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەر ۋە يەرلىك كېسەللەرنىڭ ئازابىدىن تەدرىجىي قۇتۇلدۇردى.

شۇ جايدىكى تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەر نامراتلار سانىنى ئازايتتى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ياردىمى شۇ جاينىڭ تەرەققىيات قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ جەمئىيىتى، ئىقتىسادى كونسىرى مۇقىم بولدى، گۈللەندى، يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسى كىشىلەر قەلبىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرە ۋە ئۆرپ - ئادەت كونسىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلدى، ساياھەتچىلىك شىددەت بىلەن ئېشىشنى كۆتۈۋالدى. ساياھەتچىلىكنىڭ تېز تەرەققىياتى يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئاممىنىڭ «ھەمبېنى»نى تەدرىجىي بېيىتتى. تۆتاش قارلىق تاغلار، زىچ جايلاشقان كۆللەر، ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان قاراقۇرۇم تېغى سانسىزلىغان ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1455 كىلومېتىر كېلىدىغان شىنجاڭ - شىزاڭ لىنىيەسىدىكى تاشيول لىمىتلىق ۋېلسىپىت مىنىش لىنىيەسىگە ئايلىنىپ، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ شادلىق باغچىسىغا ئايلاندى.

قاغىلىق ناھىيەسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 105 كىلومېتىر كېلىدىغان تۇنجى قارلىق تاغ داۋىنىنىڭ ئاستىدا، نۇرئابات كەنتىدىكى چارۋىچىلار پاكىز، يورۇق ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندە، ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۆيىنى ئالاھىدە ئاچتى، بىر كېچىلىكى 60 يۈەنلىك قونۇش ھەققى بىلەن، ھەر يىلى ھەربىر دېھقان ئائىلىسىگە 2000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم ئېلىپ كەلگىلى بولىدۇ.

2019 - يىلى شاڭخەينىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى نۇرئابات كەنتىدە مەبلەغ سېلىپ، يۇرۇشلەشكەن - تولۇق، بىخەتەر - ئازادە ساياھەت كۈتۈۋېلىش رايونى قۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىگە قوشۇمچە كىرىم ئېلىپ كېلىپلا قالماي، يەنە شۇ جايدىكى نامرات ئائىلىلەرنى خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەمگەك كۈچجۇملەشكەن كەسىپلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشقىچە، شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا سىجىل كۈچەيدى. 2019 - يىلى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە داۋاملىق مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا 18 مىليارد 819 مىليون يۈەن ياردەم بېرىش مەبلىغى سېلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈردىن 1935نى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى كۈچلۈك قوللىدى.

### ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش ئېغىر نامراتلىق قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىش

ئۆزاقتىن بۇيان، رايون، تەبىئەت، ئىقتىسادىي ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى كۆپ بولۇش، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرى تار، سۈپىتى تۆۋەن، تۇراقلىقلىقى ناچار بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر گەۋدىلىك بولىدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يولىنى كېڭەيتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بوشلۇقىنى ئېچىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت «سۇ ساقلاش كۆلچىكى»نىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردى. 2019 - يىلى، شىنجاڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئۈچ يىلدا 100 مىڭ كىشىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن تاماملاپ، ھەربىر ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە ئائىلىدىن ئاز دېگەندە بىر كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان كېرىيە ناھىيەسىنىڭ شەنبە بازار بازىرى باش سايباغ كەنتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن نامرات كەنتلەرگە ئوخشاش، تېرىلغۇ يېرى ئاز، ھاسىلات تۆۋەن ھەم مۇھت بىكنىھ بولۇپ، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىشەنچلىك كىرىمى ئاشۇرۇش يولى ئومۇميۈزلۈك كەمچىل، ئومۇمىي كىرىمى بىرقەدەر تۆۋەن ئىدى.

تىككۈچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن ياش مەتتوختى ھېكىم يېقىندىن ماكانلاشقان بىر تىككۈچىلىك كارخانىسىغا كىرىپ بىر يىل بولمايلا، ئىچكىرى رايونلاردىكى تېخنىك ئۇستىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تېزلا ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش سېخىنىڭ تېخنىكىغا ئايلىنىپ، ھەر ئايدا 3000 يۈەندىن كۆپرەك مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدى.

مەتتوختى ھېكىمگە ئوخشاش، بارغانسېرى كۆپ نامرات ئامما كارخانىلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرماقتا. «كارخانا ئىچكىرى رايوندىن مۇنەۋۋەر خادىم ۋە تېخنىكلارنى تاللاپ كەلتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلىققا قويدى، يېزا - بازار كادىرلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتناشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن، نامرات خادىملارنىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكا سەۋىيەسى تېز ئۆستى.» كارخانا مەسئۇلى ياڭ چۈن مۇنداق دېدى: بۇ تەدبىر نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپلا قالماي، يەنە دېھقانلارنىڭ سانائەت ئىشچىلىرىغا ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلېكترون قۇراشتۇرۇش، يېمەكلىك پىششىقلاش... ئەمگەك كۈچجۇملەشكەن كەسىپلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. كۆپلىگەن نامرات رايونلاردا، «ناھىيەدە باشلامچى كارخانا بولۇش، يېزا - بازارلاردا كۆلەملىك كارخانا بولۇش، كەنتتە ھەمراھ زاۋۇت بولۇش، ئائىلىدە كىچىك ھۈنەرخانا بولۇش»تىن ئىبارەت كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق كەسىپ ئەندىزىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تۇتقىغا ئايلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش ۋە نامراتلارنى يۆلەش ئېتىبار سىياسىتى نامراتلارنى يۆلەش كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىشەنچىسىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسپىنىڭ «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ئاكتىپلىقىنى ئاشۇردى.

خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە، 95%تىن ئارتۇق باج تاپشۇرغۇچى كىچىك كۆلەمدىكى باج تاپشۇرغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار شۇ جايدىكى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلىشتىكى «ئاساسىي قوشۇن»غا ئايلاندى.

يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى كەشتىچىلىك، تىككۈچىلىك دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن ھازىرغىچە شۇ جايدىن 120دىن ئارتۇق نامرات خادىم قوبۇل قىلدى. «كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىنى كېچۈرۈم قىلىش ئۆلچىمى پەسىل بويىچە سېتىش سوممىسى 300 مىڭ يۈەنگە ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئاساسىي جەھەتتىن باج تاپشۇرمايدىغان بولدى، بۇ، ئەتراپتىكى تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاھالىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى» دېدى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ قانۇنىي ئىگىسى سۇلايمان مەمتىمىن.

ئىگىلىك تىكلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان پولاتجان تالىپمۇ باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىدىن مەنپەئەتلىنىپ، ئىگىلىك تىكلەپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئىگە بولدى. «مەن باجنى كېمەيتىشتىن تېجەپ قېلىنغان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە، بىر قىسمىنى خادىملارغا كۆپرەك سوغۇرتا سېتىۋېلىشقا ئىشلەتىمەن، بۇنداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ نامرات دېھقان ئائىلىسىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ» دېدى پولاتجان تالىپ.

مۇخبىرنىڭ شۇ جايدىكى ئالاقىدار تارماقلاردىن ئىگىلىشىچە، 2020 - يىلى، شىنجاڭ قېپقالغان 165 مىڭ نامرات نوپۇسنى قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 560 نامرات كەنتنى نامراتلىقتىن چىقىرىش، ئون نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقىنى تاشلاشنى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن. شۇ ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى غەلبىلىك تاماملىنىدىكەن.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)